# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2020 ـ يىل 3 ـ ئاي

14

شەنبە

维吾尔文 3 月14日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65−0002/−W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  25000 ـ سان  بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ گىرېتسىيەنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن زۇڭتۇڭى ساكېللاروپۇلوغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كاتېرىنا ساكېللاروپۇلوغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ گىرېتسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن گىرېتسىيە ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالدىغان ۋە مەدەنىيەتتە ئۆزئارا ئۆرنەك ئالىدىغان ياخشى دوست. بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىدا، مەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا گىرېتسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدۇم، مەن ئىككى دۆلەتنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىدا قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرىدىن

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچى ماقالىسى

## ئاممىۋى خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ياخشى ئىشلەيلى

3 ـ بەتتە

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى

# پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرىنىڭ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بەلگىلىمىسى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى «پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرىنىڭ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بەلگىلىمىسى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «بەلگىلىمە» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن شۇ بويىچە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قەتئىي نىيەت، قەيسەر ئىرادە، مىسلىسىز سالماق بىلەن پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشكە ۋە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان سىياسىي ساپ بولماسلىق، ئىدىيە ساپ بولماسلىق، تەشكىلات ساپ بولماسلىق، ئىستىل ساپ بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر، بولۇپمۇ بىر قىسىم چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەر تېخىچە تۈپتىن ھەل بولغىنى يوق. پۈتۈن پارتىيە جەزمەن ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، كۈرەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشقا ئىزچىل ئەمەل قىلىشى، قەتئىي تەۋرەنمەسلىكى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «بەلگىلىمە»نى تۈزۈپ ئېلان قىلىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىرى. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ھەقىقىي تۈردە «بەلگىلىمە»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، «ئىككى قوغداش» سىياسىي ئاڭلىقلىقنى ئاشۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ «مۇھىم تۇتقا»نى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرىدىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچلۇق سۇبيېكتنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى كەم ـ كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەزىپە مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈم ئارقىلىق دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: «بەلگىلىمە»نى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى مۇھىم ئەھۋال ۋە تەكلىپلەرنى ۋاقتىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش تارقاتتى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك

**ئۆز خەۋەرىمىز** ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلاردىن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نورمال ئىزغا چۈشۈشىگە تېز تۈرتكە بولۇپ، قەتئىي تۈردە يۇقۇم پەيدا قىلغان زىياننى تولۇقلاپ، يۇقۇم دەخلى قىلغان ۋاقىتنى قايتۇرۇۋېلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا تەۋرەنمەسلىك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا تەۋرەنمەسلىك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




غۇلجا ناھىيەسىنىڭ تۇپراقسىز ئۆستۈرگەن كۆكتاتلىرى بازارغا سېلىندى

3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، غۇلجا ناھىيەسى بايتوقاي بازىرى قارايول مەھەللە كەنتىدە، كەنت ئاھالىسى ساندۇغاش نۇرلان ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئەينەك پارنىك ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسىدا گىلاس شوخلا مېۋىسىنى شالاڭلاتماقتا. بۇ ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئاساسلىقى رۇسىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە سېتىلىدۇ.

□لەي يۈنىڭ فوتوسى

## ئاپتونوم رايونىمىزدا 2110 نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدە ئىش باشلاندى

ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئىلگىرىلىشى تېز بولدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ليۇ شياڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە: بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يىللىق نامراتلارنى يۆلەش تۈر پىلانىدىن 5286نى بېكىتكەن بولۇپ، نۆۋەتتە 2110دا ئىش باشلانغان، نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ پىلان تۈرى سانى، مەبلەغ سوممىسى، ئىش باشلاش سانى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىردەك ئاشقان، مۆلچەرلىنىشىچە 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 90%تىن كۆپرەك تۈردە قۇرۇلۇش باشلىنىدىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، كەسىپ تەرەققىياتى زاپاس كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇبېينى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنى ئىلھاملاندۇردى ——

# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ پۇختا، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز

□پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇبېي ۋۇخەنگە بېرىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارغا كۈرەش قىلىش غەيرىتى قوشتى، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، سىناققا بەرداشلىق بېرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى، دېھقانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، تېخىمۇ قاتتىق ئىستىل، تېخىمۇ ئەمەلىي تەدبىرلەر ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز.

**باشتىن ـ ئاخىر ئېھتىياتچان بولۇش  غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىش**

«سىلەر يورۇقلۇق ئەلچىلىرى، ئۈمىد ئەلچىلىرى، ئەڭ گۈزەل پەرىشتىلەر، ھەقىقىي قەھرىمانلار!» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەرنى ھەسسىلەپ روھلاندۇردى.

«يۇقۇمنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، باش شۇجىنىڭ سۆزىنىڭ سالمىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم» شىنجاڭنىڭ 1 ـ تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى ئۆسمە كېسەللەر دوختۇرخانىسى يۈرەك ـ بۆرەك ئىچكى ئاجراتما كېسەللىرى بۆلۈمىنىڭ سېستراسى جوۋ يەن مۇنداق دېدى: «ۋۇخەندىكى ‹ئۇرۇش سېپى›دە پارتىيەگە كىرگەن› تېببىي خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولۇمنى جارى قىلدۇرۇپ، تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باشتىن ـ ئاخىر ئېھتىياتچان بولۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، جاسارىتىم ۋە چىداملىقلىقىم بىلەن ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تۆھپەمنى قوشىمەن!»

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## 2850تىن ئارتۇق بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىم ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە داۋالاش ـ قۇتقۇزۇشقا بىۋاستە قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈندىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر پەن يىلى)** مۇخبىرنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىدىن ئۇقۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىدە، جەمئىي 2850تىن ئارتۇق بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىم داۋالاش ـ قۇتقۇزۇشقا بىۋاستە قاتناشقان.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مۇتەللىپ روزى مۇنداق دېدى: يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بويىچە بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسىدىن 11نى بەلگىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شىنجاڭدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئوقۇش باشلايدۇ

**ئۆز خەۋەرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئوقۇش باشلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

چىرا ناھىيەسىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى رىزۋانگۈل ئالىم:

## مېنىڭ قەلبىم قايتىدىن يورۇدى

ئاغزاكى بايان خاتىرىسى

مېنىڭ ئىسمىم رىزۋانگۈل ئالىم، بۇ يىل 25 ياش، ئۆيۈم چىرا ناھىيەسىدە. مەن بىر ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىمدىنلا مىجەزىم ئوچۇق ـ يورۇق، تېتىك قىز ئىدىم، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئارزۇلارغا تولغانىدىم، ياخشى ئوقۇپ، كەلگۈسىدە داشۆگە ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشنى ئويلايتتىم. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ كەتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيى مەكتەپكە يېقىن يەردە ئىدى، ھەر كۈنى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن مەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئارام ئالاتتىم. ئۇ چاغدا چوڭلار ماڭا مۇنداق دېگەن: چوقۇم «كاپىر»لار بىلەن چەك ـ چېگرانى ئايرىغىن، چوڭ بولغاندىن كېيىن «كاپىر»لارنى ئۆلتۈرگىن، شۇنداق قىلساڭ جەننەتكە ئوڭۇشلۇق كىرىسەن، ئەگەر بۇنداق قىلمىساڭ چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزىسەن، ئۆلگەندە دوزاخقا كىرىسەن...

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# ئارقىدا قالغان ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى قايتۇرۇۋالايلى

—— ئاپتونوم رايونىمىزدا «بىر كارخانىغا بىر سىياسەت بولۇش» كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئالغا سىلجىتتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن

كادىرلار كارخانىدا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىش، «بىرگە بىر» دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلىش، ئەگىشىپ بېجىرىش، يېتەكلەپ بېجىرىش، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش... ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار كارخانىلارنى ماسلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ، «بىر كارخانىغا بىر سىياسەت بولۇش»نى قوللىنىپ كارخانىلارنىڭ قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى، كارخانىلار تىجارەت تەپەككۇرىنى ئۆزگەرتىپ ئامال قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بىرلىكتە يۇقۇم پەيدا قىلغان زىياننى تولۇقلاپ، يۇقۇم دەخلى قىلغان ۋاقىتنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشانىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئورۇندىماقتا.

**كادىرلار كارخانىلاردا تۇرۇپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى**

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسۇس خادىملىرى كارخانىلاردا تۇرۇپ، قىيىنچىلىق بولسا ھەر ۋاقىت يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ ھەل قىلدى، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن شىركەت نورمال ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ.» 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)